شىنجاڭ گېزىتى

2021 - يىل 2 - ئاي
20
شەنبە
维吾尔文 2 月20日
25338 - سان
بۈگۈن 4 بەت

ئانار بۇلۇت تېرمىنالىنى
چۈشۈرۈپ قاچىلىۋېلىڭ

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى   مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئۇدا نەشر بۇيۇمى نومۇرى: CN 65-0002/-W   پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 57-1   تىيانشان تورى: www.ts.cn

شى جىنپىڭ شاڭخەي شەھەرلىك يېڭى 4 - ئارمىيە تارىخى تەتقىقات جەمئىيىتىدىكى 100 ياشلىق پېشقەدەم جەڭچىلەرگە جاۋاب خەت قايتۇرغاندا مۇنداق تەكىتلىدى

پارتىيەنىڭ ھېكايىسى، شەرەپلىك ئەنئەنىسى ۋە ئېسىل ئىستىلىنى كۆپرەك سۆزلەپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنى ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئېتىقادنى چىڭىتىپ، باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىشقا يېتەكلەش كېرەك

جاۋاب خەت

شاڭخەي شەھەرلىك يېڭى 4 - ئارمىيە تارىخى تەتقىقات جەمئىيىتىدىكى 100 ياشلىق پېشقەدەم جەڭچىلەر:

ياخشىمۇ سىلەر! خېتىڭلارنى تاپشۇرۇۋالدىم. سىلەر ياشلىق دەۋرىڭلاردىلا ئىنقىلابقا ئاتلىنىپ، پارتىيە ۋە خەلق ئىشلىرى ئۈچۈن باتۇرانە كۈرەش قىلدىڭلار، 100 ياشقا كىرگەندىمۇ پارتىيە تارىخى تەشۋىق - تەربىيەسىگە رىشتە باغلىدىڭلار، چوڭقۇر بولغان پارتىيەنى سۆيۈش ھېسسىياتىڭلار كىشىنى تەسىرلەندۈردى، قايىل قىلدى.

جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، جۇڭگو ئىنقىلابى تارىخى ئەڭ ياخشى دەرسلىك، دائىم ئوقۇش، دائىم يېڭىلاپ تۇرۇش كېرەك. سىلەر جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئورنىدىن دەس تۇرۇش، بېيىشتىن قۇدرەت تېپىشقىچە بولغان ئۇلۇغ ھالقىش تارىخىي مۇساپىسىنى باشتىن كەچۈردىڭلار، پارتىيەمىزنىڭ ئەسلىي مەقستى ۋە بۇرچىنى تېخىمۇ چۈشىنىسىلەر. پۈتۈن پارتىيە پات ئارىدا پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇرىدۇ، پېشقەدەم يولداشلارنىڭ داۋاملىق نۇر - ھارارەت تارقىتىپ، ئۆزىنىڭ ئىنقىلاب كەچۈرمىشىگە بىرلەشتۈرۈپ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ھېكايىسى، پارتىيەنىڭ شەرەپلىك ئەنئەنىسى ۋە ئېسىل ئىستىلىنى كۆپرەك سۆزلەپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، بولۇپمۇ ياش بىر ئەۋلادنى ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، ئېتىقادنى چىڭىتىپ، باتۇرانە كۈرەش قىلىپ، يېڭى دەۋردە ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش ئۈچۈن بوشاشماي كۈرەش قىلىشقا يېتەكلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

كۆپچىلىكنىڭ تۇرمۇشىنىڭ بەختلىك، تېنىنىڭ سالامەت، ئۆمرىنىڭ ئۇزاق بولۇشىنى تىلەيمەن!

شى جىنپىڭ
2021 - يىلى 2 - ئاينىڭ 18 - كۈنى

(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى تېلېگراممىسى)

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى تېلېگراممىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ 2 - ئاينىڭ 18 - كۈنى شاڭخەي شەھەرلىك يېڭى 4 - ئارمىيە تارىخى تەتقىقات جەمئىيىتىدىكى 100 ياشلىق پېشقەدەم جەڭچىلەرگە جاۋاب خەت قايتۇرۇپ، ئۇلارغا سەممىي سالام يوللىدى ۋە گۈزەل تىلەكلەرنى تىلىدى.

شى جىنپىڭ جاۋاب خېتىدە مۇنداق دېدى: سىلەر ياشلىق دەۋرىڭلاردىلا ئىنقىلابقا ئاتلىنىپ، پارتىيە ۋە خەلق ئىشلىرى ئۈچۈن باتۇرانە كۈرەش قىلدىڭلار، 100 ياشقا كىرگەندىمۇ يەنىلا پارتىيە تارىخى تەشۋىق - تەربىيەسىگە رىشتە باغلىدىڭلار، چوڭقۇر بولغان پارتىيەنى سۆيۈش ھېسسىياتىڭلار كىشىنى تەسىرلەندۈردى، قايىل قىلدى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگو كوممۇنىستلىرى ئۈچۈن ئېيتقاندا، جۇڭگو ئىنقىلابى تارىخى ئەڭ ياخشى دەرسلىك، دائىم ئوقۇش، دائىم يېڭىلاپ تۇرۇش كېرەك. سىلەر جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئورنىدىن دەس تۇرۇش، بېيىشتىن قۇدرەت تېپىشقىچە بولغان ئۇلۇغ ھالقىش تارىخىي مۇساپىسىنى باشتىن كەچۈردىڭلار، پارتىيەمىزنىڭ ئەسلىي مەقستى ۋە بۇرچىنى تېخىمۇ چۈشىنىسىلەر. پۈتۈن پارتىيە پات ئارىدا پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇرىدۇ،

(ئاخىرى 2- بەتتە)

مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ بۇيرۇق ئىمزالاپ

«خەلقئارا ھەربىي ئىشلار ھەمكارلىق خىزمىتى نىزامى»نى ئېلان قىلدى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى تېلېگراممىسى مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يېقىندا بۇيرۇق ئىمزالاپ، «خەلقئارا ھەربىي ئىشلار ھەمكارلىق خىزمىتى نىزامى»نى ئېلان قىلدى، 2021 - يىلى 3 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلىدۇ.

«خەلقئارا ھەربىي ئىشلار ھەمكارلىق خىزمىتى نىزامى»دا شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، شى جىنپىڭ ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ئىدىيەسى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، پارتىيەنىڭ يېڭى دەۋردىكى ئارمىيەنى قۇدرەت تاپقۇزۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، خەلق ئارمىيەسىنى دۇنيادا ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان ئارمىيە قىلىپ ئومۇميۈزلۈك قۇرۇپ چىقىش چۆرىدىلىپ، چوڭ ۋەزىيەت ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلىش، پائال نەتىجە يارىتىش، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىشتا چىڭ تۇرۇلۇپ، تۆۋەن چەك تەپەككۇرى، قانۇنچىللىق تەپەككۇرى يەنىمۇ كۈچەيتىلىپ، ئىچكى - تاشقى بايلىق بىرتۇتاش پىلانلاپ ماسلاشتۇرۇلۇپ، تۈرلۈك ھەمكارلىق شەكىللىرىدىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىلىپ، يېڭى دەۋردىكى خەلقئارا ھەربىي ئىشلار ھەمكارلىق ئەندىزىسى بەرپا قىلىش ئىلگىرى سۈرۈلگەن بولۇپ، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكى، تەرەققىيات مەنپەئىتىنى ئۈنۈملۈك قوغداش، خەلقئارا ۋە رايون تىنچلىقى، مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۆھپە قوشۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

«خەلقئارا ھەربىي ئىشلار ھەمكارلىق خىزمىتى نىزامى» جەمئىي سەككىز باب، 48 ماددا بولۇپ، ئارمىيەمىزنىڭ خەلقئارا ھەربىي ئىشلار ھەمكارلىق خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ تۈپ ئاساسى. نىزامدا خەلقئارا ھەربىي ئىشلار ھەمكارلىق خىزمىتىنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ۋە ھەمكارلىق ساھەسى ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ، خەلقئارا ھەربىي ئىشلار ھەمكارلىق خىزمىتى يىرىك پىلانى، پىلانى، خەۋپ - خەتەرنى باشقۇرۇش - تىزگىنلەش، خىزمەت كاپالىتى ھەممە تەكشۈرۈپ باھالاش قاتارلىق تۈزۈملەر ئورنىتىلىپ، خەلقئارا ھەربىي ئىشلار ھەمكارلىقنى تەشكىللەپ يولغا قويۇش تەرتىپى ۋە ئۇسۇلى قېلىپلاشتۇرۇلۇپ، يېڭى دەۋردىكى خەلقئارا ھەربىي ئىشلار ھەمكارلىقنىڭ ئۇنىۋېرسال ئۈنۈمىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆستۈرۈش، خەلقئارا ھەربىي ئىشلار ھەمكارلىق خىزمىتىدە يېڭىلىق يارىتىپ تەرەققىي قىلىشقا تۈرتكە بولۇش كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلەندى.

---

100 يىللىق كۈرەش يولى   يېڭى مۇساپىگە ئاتلىنىش

ئەسلىي مەقسەتنى ئۆيۈل تاشتەك مۇستەھكەملەپ كەلگۈسكە يۈزلىنىش

—— پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى باشلاش پەيتىدە

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى جۇ جىچەي، دىڭ شياۋشى، خۇاڭ يۈ، سۈن شاۋلۇڭ

2021 - يىلى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى 100 يىللىق تۇغۇلغان كۈنىنى كۈتۈۋالىدۇ. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى پۈتۈن پارتىيەدە پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى قانات يايدۇرۇپ، پۈتۈن پارتىيەنى ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاشقا رىغبەتلەندۈرۈپ، يېڭى دەۋردە پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىشنى قارار قىلدى.

100 يىللىق مۇساپە قاينام - تاشقىنلىققا تولدى، 100 يىللىق ئەسلىي مەقسەت ئۇزاق تارىخىي جەرياندا مۇستەھكەملەندى.

ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ كېيىنكىلەرگە يول ئاچىدىغان تارىخىي خاراكتېرلىك پەيتتە، جۇڭگو كوممۇنىستلىرى شى جىنپىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، 100 يىللىق كۈرەشنىڭ شانلىق داستانىنى قايتا ئەسلەپ، ئېتىقاد نۇرى بىلەن ئىلگىرىلەش يولىنى يورۇتۇپ، ئۆيۈل تاشتەك مۇستەھكەم ئەسلىي مەقسەت ئارقىلىق كۈرەش قىلىش ئۇلۇغ كۈچىنى مۇجەسسەملەپ، يېڭى تارىخىي سەھىپىنى داۋاملاشتۇرۇپ پۈتۈپ چىقتى.

تارىخنى ئۆرنەك قىلىپ، 100 يىللىق قاينام - تاشقىنلىققا تولغان داستاننى قايتا ئەسلەش

گۈيجۇ —— قىزىل تۇپراق.

1935 - يىلى 1 - ئايدا، ئۇلۇغ بۇرۇلۇش ئەھمىيىتىگە ئىگە زۈنيى يىغىنى بۇ يەردە ئېچىلىپ، ئەڭ خەتەرلىك جىددىي پەيتتە پارتىيەنى قۇتقۇزۇپ قالدى، قىزىل ئارمىيەنى قۇتقۇزۇپ قالدى، جۇڭگو ئىنقىلابىنى قۇتقۇزۇپ قالدى.

2021 - يىلى 2 - ئايدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ بۇ يەرگە كېلىپ، قىممەتلىك مەنىۋى بايلىقنى قايتا ئەسلەپ، پارتىيەنىڭ يېڭىلىق يارىتىش نەزەرىيەسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىنى كۈچەيتىش چاقىرىقىنى چىقاردى ——

«پات ئارىدا قانات يايدۇرۇلىدىغان پارتىيە تارىخىنى ئۆگىنىش تەربىيەسىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئۇزۇن سەپەر روھى ۋە زۈنيى يىغىنى روھىدىن كوممۇنىستلارنىڭ ئەسلىي مەقستى ۋە بۇرچىنى چوڭقۇر ھېس قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىي تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، ھەقىقەتتە چىڭ تۇرۇپ، ئۆزگىرىشكە ئىلمىي ماسلىشىپ، ئۆزگىرىشكە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىنتىلىپ، نىشاننى چىڭ كۆزلەپ، باتۇرلۇق بىلەن ئالغا ئىلگىرىلەپ، يېڭى دەۋردىكى ئۇزۇن سەپەر يولىدا ياخشى مېڭىش كېرەك».

قەيەردىن كەلگەنلىكنى ئېنىق بىلگەندىلا، نەگە بارىدىغانلىقنى ئايدىڭلاشتۇرغىلى بولىدۇ.

(ئاخىرى 3- بەتتە)

شى جىنپىڭ مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ 18 - قېتىملىق يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ مۇنداق تەكىتلىدى

يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى تولۇق، دەل جايىدا، ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىسلاھاتنىڭ يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشتىكى ئاچقۇچلۇق رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك

لى كېچياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، خەن جېڭ قاتناشتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى تېلېگراممىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى، مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ مۇدىرى شى جىنپىڭ 2 - ئاينىڭ 19 - كۈنى چۈشتىن كېيىن مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ 18 - قېتىملىق يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق تەكىتلىدى: ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىش بىلەن زىچ باغلىنىشلىق، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى تولۇق، دەل جايىدا، ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىش نىشان - ۋەزىپىسىنى مەھكەم ئىگىلەپ، ئىسلاھات لايىھەسىنى تېخىمۇ دەل جايىدا ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىسلاھاتنىڭ تېخىمۇ چوڭقۇر قاتلامغا قاراپ ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولۇپ، ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسى بەرپا قىلىشتىكى ئاچقۇچلۇق رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك.

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى، مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىرىدىن لى كېچياڭ، ۋاڭ خۇنىڭ، خەن جېڭ يىغىنغا قاتناشتى.

يىغىندا «مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ 2020 - يىللىق خىزمىتىدىن خۇلاسە دوكلاتى»، «مەركەز ئىسلاھاتنى ئومۇميۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇش كومىتېتىنىڭ 2021 - يىللىق خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى» قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى.

يىغىندا «مۇھىم خەلق تۇرمۇشى تاۋارلىرىنىڭ باھاسىنى تەڭشەش - تىزگىنلەش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى پىكىر»، «ھۆكۈمەت دوختۇرخانىلىرىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش توغرىسىدىكى پىكىر»، «ناھىيەدىن تۆۋەن كەسپىي ئورۇنلاردا باشقۇرغۇچى ئىش ئورنىدىكى خىزمەتچىلەرنىڭ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش تۈزۈمى ئورنىتىش توغرىسىدىكى پىكىر»، «دورا نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىقتىدارى قۇرۇلۇشىنى ئومۇميۈزلۈك كۈچەيتىش توغرىسىدىكى يولغا قويۇش پىكرى»، «ئېكولوگىيە مەھسۇلاتلىرىنىڭ قىممىتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش مېخانىزمى ئورنىتىش ۋە ئۇنى تاكامۇللاشتۇرۇش توغرىسىدىكى پىكىر»، «‹كەنت زومىگەرى› مەسىلىسىنىڭ سىجىل ئالدىنى ئېلىش ۋە ئۇنى تۈزەش توغرىسىدىكى پىكىر»، «دەۋانى مەنبەدىن تۈزەشنى كۈچەيتىپ، زىددىيەت، ماجىرالارنى مەنبەدىن تۈگىتىشكە تۈرتكە بولۇش توغرىسىدىكى پىكىر» قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: ئۆتكەن بىر يىلدا، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋەزىيەتنىڭ تەرەققىياتى، ئۆزگىرىشىنى چوڭقۇر ئىگىلەپ، ئىسلاھاتنىڭ بۆسۈش ۋە باشلامچىلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ئىسلاھاتنى ئۆزگىرىش ۋەزىيىتىگە تاقابىل تۇرۇش، يېڭى ۋەزىيەت ئېچىشتىكى مۇھىم تۇتقا قىلىپ، پارتىيە 18 - نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3 - ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان ئورۇنلاشتۇرما قىلىنغان ئىسلاھات ۋەزىپىلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇشنى «13 - بەش يىل»لىق يىرىك پىلاندىكى مۇھىم نىشان - ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، خەۋپ - خەتەرنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان، ئاساس سالىدىغان، خەلق تۇرمۇشىغا نەپ يەتكۈزىدىغان، كەلگۈسىگە پايدىلىق بولغان تۈرلۈك ئىسلاھاتلارنى ئورگانىك بىرلەشتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش،

(ئاخىرى 2- بەتتە)

تۈنجى قەدەمنى ياخشى ئالايلى   يېڭى كەيپىيات يارىتايلى

مايسا يېتىشتۈرۈش مەركىزى قۇرۇلۇشى ئالدىراش ئېلىپ بېرىلماقتا

2 - ئاينىڭ 18 - كۈنى، ئىشچىلار چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيەسىدىكى ئەقلىي ئىقتىدارلىق پارنىكتا مايسا يېتىشتۈرۈش مەركىزى تۈرى ئىش ئورنىدا قۇرۇلۇش قىلماقتا. بۇ مەركەزنىڭ ئىگىلىگەن كۆلىمى 12 مىڭ 96 كۋادرات مېتىر بولۇپ، مۆلچەرلىنىشىچە، 3 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرى پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلىدىكەن. **□ خۇا يەنمىڭ فوتوسى**

جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك (1 - دەرىجىلىك) يول قوش ئايلانما لىنىيەسى يىل ئىچىدە پۈتىدۇ

ئانار بۇلۇت\شىنجاڭ گېزىتى مۇخبىرى **لۇ فېڭباۋ**نىڭ ئاپتونوم رايونلۇق قاتناش - ترانسپورت نازارىتىدىن ئىگىلىشىچە، بۇ يىل ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك يول ئومۇمىي مۇساپىسى 6000 كىلومېتىردىن بۆسۈپ ئۆتۈپ، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك (1 - دەرىجىلىك) يول قوش ئايلانما لىنىيەسى پۈتىدىكەن.

نۆۋەتتە، ئۇزاققا سوزۇلغان دۆلەت، ئۆلكە غول لىنىيەلىرى جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭدا ئايلانما لىنىيە شەكىللەندۈردى، لېكىن شىمالىي شىنجاڭدا جۇڭغار ئويمانلىقىنى ئايلىنىدىغان ۋە جەنۇبىي شىنجاڭدا تارىم ئويمانلىقىنى ئايلىنىدىغان يۇقىرى سۈرئەتلىك (1 - دەرىجىلىك) يول چەمبىرىكى تېخى شەكىللەنمىدى.

«پۈتۈن شىنجاڭدا تاشيول ئايلانما شەكىلدە بولۇپلا قالماي، يەنە سۈرئىتىنى تېزلىتىش كېرەك. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز تاشيول قۇرۇلۇشى سالمىقىنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇپ، جۇڭغار ئويمانلىقى بىلەن تارىم ئويمانلىقىنى ئايلىنىدىغان تاشيولنى ئومۇميۈزلۈك يۇقىرى سۈرئەتلىك قىلىشنى سىجىل ئالغا سىلجىتتى، جەنۇبىي ۋە شىمالىي شىنجاڭ يۇقىرى سۈرئەتلىك (1 - دەرىجىلىك) يول قوش ئايلانما لىنىيەسى تەدرىجىي شەكىللەندى» دېدى

(ئاخىرى 2- بەتتە)